## مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جوۋ بو: ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزغان نەمۇنىلىك مۇھاپىزەتچى جەڭچى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر لىيۇ شياۋخۇڭ)** بېيجىڭ گارنىزونى مەلۇم مۇھاپىزەت شىسىغا بىۋاستە قاراشلىق ئەترەتنىڭ خىمىيەۋى قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش لىيەنىدىكى «جوۋ بو شەرەپ ئۆيى»دە، يولداش جوۋ بونىڭ ھەيكىلى، ھايات ۋاقتىدا ئىشلەتكەن مەشىق سايمانلىرى، يازغان تەربىيەلىنىش تەسىرات ماقالىلىرى ۋە پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى ھەم ئېرىشكەن شەرەپنامىلىرى تىزىلغانىدى. كوماندىر - جەڭچىلەر ئىنقىلابىي قۇربان جوۋ بو ھايات ۋاقتىدا تۇرغان ياتاقنى ۋە ئۇنىڭ ئورۇن - كۆرپىلىرىنى كۈندە رەتلىك، پاكىز تۇتۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەچكە، خۇددى ئىنقىلابىي قۇربان يەنىلا ئۇلار بىلەن بىللە خىزمەت قىلىۋاتقاندەك، تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

جوۋ بو 1987 - يىلى تۇغۇلغان، 2006 - يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشقان، چۇڭچىڭ شەھىرى فۇلىڭ رايونى چىڭياڭ بازىرى شۇاڭشى يېزىسىنىڭ شىڭيۈەن كەنتىدىن، ھايات ۋاقتىدا بېيجىڭ گارنىزونى مەلۇم مۇھاپىزەتچىلەر شىسى خىمىيەۋى قوراللاردىن مۇداپىئەلىنىش لىيەنى 3 - پەي 9 - بەندىنىڭ جەڭچىسى بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەسكەر ھەربىي ئۇنۋانى بار ئىدى.

2008 - يىلى 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، سوغۇق شامال سۆڭەكتىن ئۆتەتتى. شىسىلىڭبۇسىغا بىۋاستە قاراشلىق ئەترەت يىگىت ئەسكەرلەرنى ھەققىي ئوق بىلەن قارىغا ئېتىشقا تەشكىللىگەن بولۇپ، جوۋ بو بىلەن سەپدىشى لىيۇ بىڭخېڭ بۇيرۇققا بىنائەن قارىغا ئېتىش مەيدانىنىڭ قورشاۋ تېمى سىرتىدا قاراۋۇللۇق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. قارىغا ئېتىش مەيدانىنىڭ يېنىدا خۇمدانغا توپا ئېلىشتىن شەكىللىنىپ قالغان بىر چوڭ كۆلچەك بار ئىدى. قىسىم تۇرۇشلۇق جايدىكى شۇشىنجۇاڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ 3 - يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى زاڭ گوشۇەي، گاۋ خاۋ مۇز ئۈستىدە ئويناۋاتقاندا، مۇز قاتلىمى تۇيۇقسىز يېرىلىپ كېتىپ، ئىككىيلەن سۇغا چۈشۈپ كەتتى.

ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، جوۋ بو بىلەن لىيۇ بىڭخېڭ بالىلار سۇغا چۈشۈپ كەتكەن جايغا ئېتىلىپ بېرىپ، خەۋپ - خەتەرگە قارىماي مۇز كامىرىغا سەكرەپ چۈشتى. ئۇلار ئىككىيلەن زاڭ گوشۇەينى سۇ يۈزىگە ئېلىپ چىققاندا، مۇز يەنە بىر قېتىم يېرىلىپ كەتتى. سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان مۇزدەك سۇدا، جوۋ بو بىلەن لىيۇ بىڭخېڭ كۆپ قېتىم ئۇرۇنۇپ، ئاندىن زاڭ گوشۇەينى مۇز كامىرىدىن ئىتتىرىپ چىقاردى. بۇ چاغدا جوۋ بونىڭ ئېغىز - بۇرنىدىن سۇ كىرىپ قاتتىق قېقىلىپ كەتتى. لىيۇ بىڭخېڭ ئەھۋالنى كۆرۈپ، سول قولىدا گاۋ خاۋنى ئۈستىگە ئىتتىرىپ، ئوڭ قولىدا جوۋ بونىڭ چاپىنىنى تۇتۇۋالدى. «مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئاۋۋال بالىنى قۇتقۇز...» جوۋ بو شۇنداق دېگەچ لىيۇ بىڭخېڭنىڭ قولىنى ئاجرىتىۋەتتى.

سەپداشلىرى ۋە قىسىم تۇرۇشلۇق جايدىكى ئامما بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالىلار ۋە ئىككى جەڭچىنى قۇتقۇزۇپ چىقتى. بۇ چاغدا جوۋ بو ھوشىدىن كەتكەن بولۇپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن جىددىي قۇتقۇزۇلغان بولسىمۇ ئۈنۈم بەرمەي بەختكە قارشى قۇربان بولدى. سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئىككى بالا قۇتقۇزۇۋېلىندى، جوۋ بو بولسا 21 ياشلىق ھاياتىنى تەقدىم قىلدى.

جوۋ بو قۇربان بولغاندىن كېيىن، بېيجىڭ گارنىزونى پارتىيە كومىتېتى جوۋ بونى ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلىدى، ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلدى. سابىق بېيجىڭ ھەربىي رايونى پارتىيە كومىتېتى يولداش جوۋ بودىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار چىقاردى. بېيجىڭ شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا «پايتەختتىكى ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن شەرەپلىك شەھەر ئاھالىسى» دېگەن نامنى تولۇقلاپ بەردى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، مەركەز مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ئىشخانىسى، سابىق باش سىياسىي بۇ ئۇنىڭغا «مەملىكەت بويىچە ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىش نەمۇنىچىسى» دېگەن نامنى تولۇقلاپ بەردى. 2009 - يىلى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت جوۋ بوغا «ھاياتىدىن كېچىپ باشقىلارنى قۇتقۇزغان نەمۇنىلىك مۇھاپىزەتچى جەڭچى» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەردى.

يولداش جوۋ بونىڭ خەۋپ - خەتەرگە قارىماي مۇز كامىرىغا سەكرەپ چۈشۈپ، سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالىلارنى قۇتقۇزۇش يولىدا بەختكە قارشى قۇربان بولغانلىقىدەك قەھرىمانە ھەرىكىتى پايتەختتىكى ھەر ساھەدە كەڭ تارقىلىپ، مەدھىيىلىنىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ئۇ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسىدىكى قەسەمنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى، ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى «80 - يىللاردا تۇغۇلغان» بىر جەڭچىنىڭ قۇربان بېرىشكە جۈرئەت قىلىشتەك جەڭگىۋار روھى ۋە شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئېسىل پەزىلىتىنى تولۇق نامايان قىلدى، ھاياتىدىن كېچىپ خەلق ئۈچۈن قۇربان بېرىشتەك ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى نامايان قىلدى.

جوۋ بو قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇ ھايات ۋاقتىدا تۇرغان لىيەن مەخسۇس «جوۋ بو شەرەپ ئۆيى» قۇردى، شەرەپ ئۆيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ گازارمىغا كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى دەرسى، پۈتۈن لىيەن بويىچە ھەر كۈنى يوقلىما قىلىنغاندا «جوۋ بو» دېگەن ئىسىم تۇنجى بولۇپ ئوقۇلىدۇ. ھەر يىلى چىڭمىڭ مەزگىلىدە، كوماندىر - جەڭچىلەر ئۆزلۈكىدىن خاتىرىلەش پائالىيىتى تەشكىللەپ، ئىنقىلابىي قۇربانىنى ياد ئېتىدۇ.

# چيۇ چېڭلۇڭ: بۇرچ ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان پەن تەتقىقات ئاۋانگارتى



چيۇ چېڭلۇڭ ئىشخانىسىدا ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر ماتېرىياللارنى رەتلىمەكتە. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (خې جۈڭ فوتوسى)

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جاڭ مىمى، لى بىڭفېڭ

راكېتا ئارمىيەسىنىڭ پەن تەتقىقات بىرىنچى سېپىدە، چيۇ چېڭلۇڭنىڭ ئىش ئىزلىرى كۆپچىلىكنى جاپاغا چىداپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، تىرىشىپ بۇرچقا سادىق بولۇپ، بۇرچ ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاپ، بۇرچنى يەردە قويماي، تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈشكە ئىزچىل ئىلھاملاندۇرۇپ، قىسىمنىڭ جەڭ قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈپ كەلمەكتە.

چيۇ چېڭلۇڭ راكېتا ئارمىيەسى تەتقىقات يۇرتى مەلۇم ئورنىنىڭ سابىق تەتقىقاتچىسى، 1940 - يىلى تۇغۇلغان، 1961 - يىلى ھەربىي مەكتەپكە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن، 1962 - يىلى پارتىيەگە كىرگەن، 2009 - يىلى كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان. ئۇ 17 تۈردە دۆلەت ۋە ئارمىيەنىڭ پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئۇرۇشتا قوللىنىش ئىلمىي كەسپى تەتقىقاتىنىڭ باشلامچىسى، ئارمىيەمىزنىڭ مۇنتىزىم باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئۇرۇشتا قوللىنىش كەسپى تەتقىقاتىغا ئۇل سالغۇچى، ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسمىنىڭ ئۇرۇشتا قوللىنىش تەتقىقاتى ساھەسىدىكى باشلامچى. ئۇ باشتىن - ئاخىر باشقۇرۇلىدىغان بومبىنىڭ ئوت كۈچىنى تەتبىقلاش تەتقىقاتىغا باش قاتۇرۇپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نەچچە يۈز قېتىم قىسىم ۋە زاۋۇتقا چوڭقۇر چۆكۈپ، قىسىمنىڭ ئېھتىياجى ۋە سانائەت تارماقلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇ قارىغا ئېتىش مەيدانى ۋە تەجرىبە مەيدانىغا 40 نەچچە قېتىم بېرىپ، باشقۇرۇلىدىغان بومبا قورال - جابدۇقلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال ئىگىلىدى ۋە ئەمەلىي جەڭ سىنىقىنى كۆردى، پۈتۈن ئارمىيە، ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا قىسمى تەشكىللىگەن مۇھىم، زور مانېۋىر ھەم ئۇرۇش تەييارلىقى ۋەزىپىسىگە كۆپ قېتىم قاتنىشىپ، قوماندانلىق قىلىش - تەدبىر بەلگىلەشنى مەسلىھەت ۋە تېخنىكا كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى.

20 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدا، چيۇ چېڭلۇڭ ئارمىيەمىزنىڭ ئىشلىتىشكە ماس كېلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئۇرۇشتا قوللىنىش ھېسابلاش جەدۋىلى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، ئۇ كۈندە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 - 16 سائەت خىزمەت قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ نەچچە مىليون گۇرۇپپا سانلىق مەلۇماتنى ھېسابلاپ، نەچچە ئون ماتېماتىكىلىق مودېلنى ياساپ، دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى «ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى ئۇرۇشتا قوللىنىش ھېسابلاش جەدۋىلى»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈزۈپ چىقتى.

20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئارمىيەمىزنىڭ مەلۇم يېڭى تىپتىكى «كوزىر» قورالىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ھالقىلىق باسقۇچقا كىردى، بۇ ئارمىيەمىزنىڭ ئۇرۇشتا قوللىنىشنى تۇنجى قېتىم قورال سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش جەريانىغا كىرگۈزۈشى بولۇپ، پايدىلىنىشقا بولىدىغان تېخنىكا ماتېرىيالى ۋە تەجرىبە يوق ئىدى. ئۇ تېما گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن ئىككى يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، كۆپ تۈرلۈك ئاچقۇچلۇق تېخنىكىلاردا ئۇدا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، بۇ تىپتىكى قوراللارنى ناھايىتى تېزلا تەتقىق قىلىپ ياساپ مۇقىملاشتۇرۇپ ھەم قىسىملارنى قوراللاندۇرۇپ، ئۇرۇش قىلىش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈردى.

چيۇ چېڭلۇڭ بارلىق يۈرەك قېنىنى دۆلەت مۇداپىئەسىدىكى ئىلغار پەن تەتقىقات ساھەسىگە سەرپ قىلىپ، مۇنەۋۋەر پەن - تېخنىكا كادىرلىرىنىڭ خىسلىتىنى نامايان قىلدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، ئۇ 11 قېتىم خىزمەت كۆرسىتىپ مۇكاپاتلىنىش پۇرسىتىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى، 14 قېتىم ئۆزىنىڭ ئىسمىنى پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى مۇكاپاتىغا يوللىنىدىغان تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈۋەتتى. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ راكېتا ئارمىيەسى ئۈچۈن باشقۇرۇلىدىغان بومبا مۇتەخەسسىسىدىن توققۇزنى، پەن - تېخنىكا باشلامچىسىدىن سەككىزنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈپ بەردى، ئۇلار 35 ئادەم قېتىم ئارمىيە پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتتىن يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

ئۆپكە راكىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچى، دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلۇپ داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ يەنىلا قولىدىكى خىزمەتنى توختىتىپ قويمىدى. دوختۇرخانا خەتەرلىك باسقۇچقا كىرگەنلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۇ ئۈچ ئىشتىن «خاتىرجەم بولالمايۋاتقانلىقى»نى ئېيتتى: بىرىنچى، بەزى پەن تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى تېخى رەتلەپ بولالمىغاندىم، خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن؛ ئىككىنچى، بىرقانچە تۈردىكى پەن تەتقىقات تېمىسىنىڭ تېخى ئاخىرى چىقمىغانىدى، خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن؛ ئۈچىنچى، مەن يېتەكلىگەن دوكتور ئاسپىرانتلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق دىسسېرتاتسىيە ياقلىشى تېخى ئۆتكۈزۈلمىگەنىدى، خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان)**

# گۇەن شىجى: ھاياتىدىن كېچىپ سەپدىشىنى قۇتقۇزغان «نەمۇنىلىك قوماندان»



بۇ گۇەن شىجى (ئوڭدا) قىسمىنى باشلاپ جىلىن ئۆلكىسى چاڭبەيشەن تېغى ئېتىكىدە تۇرۇپ مەشىق قىلغاندىكى ماتېرىيال سۈرەت (2009 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تارتىلغان). □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىر لىيۇ شياۋخۇڭ)** 78 - جىتۈەنجۈننىڭ مەلۇم قۇرۇلۇش - خىمىيە لۈسى خىزمەتتە گەۋدىلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ تەقدىرلەندى، بۇ لۈنىڭ كوماندىر - جەڭچىلىرى يېقىندا بېيشەن ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا كېلىپ قەبرە سۈپۈردى ھەم ئىنقىلابىي قۇربان گۇەن شىجىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. «ئىنقىلابىي قۇربان بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ھەربىر قېتىملىق ئىلگىرىلىشىمىزدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش بىزنىڭ شەرەپلىك، بەختلىك پەيتىمىز!» دېدى كوماندىر - جەڭچىلەر.

گۇەن شىجى 1972 - يىلى تۇغۇلغان، 1991 - يىلى ھەربىي سەپكە قاتناشقان، 1993 - يىلى پارتىيەگە كىرگەن. جەڭچى، پەيجاڭ، لىيەنجاڭ، مەشىقلەندۈرۈش بۆلۈمچىسىنىڭ باشلىقى، تۈەننىڭ مۇئاۋىن سەنمۇجاڭى، يىڭجاڭ، تۈەن سەنمۇجاڭى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 20 نەچچە قېتىملىق ھەربىي مانېۋىر ۋە مۇھىم، زور ھەربىي پائالىيەتنى تەشكىللىگەن، قاتناشقان، 2005 - يىلى لۇيىيەگە بېرىپ خەلقئارا تىنچلىق ساقلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن «2 - دەرىجىلىك تىنچلىق شەرەپ ئوردېنى» بېرىلگەن، 2008 - يىلى «ئارمىيە بويىچە مۇنەۋۋەر قوماندان» بولۇپ باھالانغان، ئۈچ قېتىم شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن.

2010 - يىلى 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، قارا يامغۇرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشى بىلەن، جىلىن شەھىرى يۇڭجى ناھىيەسىدىكى ئىككى خىمىيە زاۋۇتىنىڭ 7000دىن ئارتۇق خىمىيە سانائىتى خام ئەشيا تۇڭى سۇڭخۇاجياڭ دەرياسىغا ئېقىپ كىردى. 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، سابىق شېنياڭ ھەربىي رايونى مەلۇم جىتۈەنجۈننىڭ قۇرۇلۇش تۈەنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋالدى، شۇ چاغدىكى تۈەننىڭ سەنمۇجاڭى گۇەن شىجى كوماندىر - جەڭچىلەرنى باشلاپ مۇناسىۋەتلىك سۇ رايونىغا بېرىپ لەيلىمە كۆۋرۈك قويۇپ، خىمىيە سانائىتى خام ئەشيا تۇڭىنى توستى ۋە سۈزۈۋالدى.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى سەھەردە، گۇەن شىجى كوماندىر - جەڭچىلەرنى باشلاپ سۇچىلىق تۈگۈنى توسمىسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى 1000 مېتىر كېلىدىغان جايغا 7 - مۇداپىئە لىنىيەسى ئورناتتى. ئۇدا 50 نەچچە سائەت جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان گۇەن شىجى كوماندىر - جەڭچىلەرگە قوماندانلىق قىلىپ موتورلۇق كېمىنى ھەيدەپ قېيىق كۆۋرۈكنى سۆرەپ بەلگىلەنگەن سۇ رايونىغا باردى ھەم ئورنىتىپ مۇقىملاشتۇردى. سائەت 13تىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە، گۇەن شىجى كوماندىر - جەڭچىلەرنى باشلاپ ئەڭ ئاخىرقى بىر گۇرۇپپا قېيىق كۆۋرۈكنى سۆرەپ كېتىۋاتقاندا، قېيىق كۆۋرۈكتە گۇەن شىجى، مۇئاۋىن يىڭجاڭ يەن شىچېڭ، پەيجاڭ پەن شياۋگېن، جەڭچى ياڭ فەن ۋە ما رۇيچۈەندىن ئىبارەت بەش كوماندىر - جەڭچى بار ئىدى. بۇ چاغدا دەريا سۈيىنىڭ ئېقىش سۈرئىتى تۇيۇقسىز تېزلىشىپ، قېيىق كۆۋرۈكنى يۇقىرى ئېقىنغا سۆرەپ بېرىشقا موتورلۇق كېمىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى يەتمىدى، موتورلۇق كېمە بىلەن قېيىق كۆۋرۈك ئېقىننى بويلاپ توسما چۈشۈرگۈسىگە قاراپ ئاقتى.

موتورلۇق كېمە بىلەن قېيىق كۆۋرۈكنىڭ بىرلا ۋاقىتتا توسما چۈشۈرگۈسىگە كىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، گۇەن شىجى كەسكىنلىك بىلەن قېيىق كۆۋرۈك بىلەن موتورلۇق كېمىنى تۇتاشتۇرۇش ئارغامچىسىنى يېشىۋېتىشنى بۇيرۇق قىلدى. موتورلۇق كېمىدىكى كوماندىر - جەڭچىلەر خەتەردىن ئوڭۇشلۇق قۇتۇلدى، لېكىن قېيىق كۆۋرۈك توسما چۈشۈرگۈسىگە قاراپ ئاقتى. جىددىي ئەھۋالدا، گۇەن شىجى «سەكرەڭلار!» دەپ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى، قېيىق كۆۋرۈكتىكى كوماندىر - جەڭچىلەر دەرياغا سەكرىدى. دەريا سۈيى كوماندىر - جەڭچىلەرنى چۈشۈرگۈ تەرەپكە ئېقىتىپ كېتىۋاتقان خەتەرلىك پەيتتە، گۇەن شىجى يېنىدىكى سەپدىشىنى سۇ يۈزىگە ئىتتىرىپ چىقاردى. كوماندىر - جەڭچىلەرنىڭ پۈتۈن كۈچ بىلەن قۇتقۇزۇشى ئارقىلىق، يەن شىچېڭ، پەن شياۋگېن، ياڭ فەن، ما رۇيچۈەن قاتارلىق تۆت يولداش قۇتقۇزۇۋېلىندى، ئەمما گۇەن شىجىنى دەريا سۈيى ئېقىتىپ كەتتى.

ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن، قىسىم بىلەن يەرلىك تېزدىن كۈچ تەشكىللەپ پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىزدىدى، قۇتقۇزدى. 2010 - يىلى 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى سائەت 12لەردە، قىسىم بىلەن يەرلىكنىڭ ئىزدەش - قۇتقۇزۇش خادىملىرى يولداش گۇەن شىجىنىڭ جەسىتىنى بايقىدى.

كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلغان ئۈچ كۈندە، گۇەن شىجى كوماندىر - جەڭچىلەرنى تەشكىللەپ 300 مېتىردىن ئارتۇق لەيلىمە كۆۋرۈك ياساپ، 4000دىن ئارتۇق خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى تۇڭىنى سۈزۈۋېلىپ، قاپسىلىپ قالغان نۇرغۇن ئاممىنى قۇتقۇزدى.

يولداش گۇەن شىجى قۇربان بولغاندىن كېيىن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ئۇنىڭغا «نەمۇنىلىك قوماندان» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەردى، جىلىن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا «كەلكۈنگە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشتىكى ئەزىمەت» دېگەن شەرەپلىك نامنى تولۇقلاپ بەردى.

قەھرىمانلارنى ھۆرمەتلەش، قەھرىمانلاردىن ئۆگىنىش، قەھرىمانلارنى ھىمايە قىلىشتەك قويۇق كەيپىيات يارىتىش ئۈچۈن، بۇ لۈدە يېڭى ئەسكەرلەرنىڭ گازارمىغا كەلگەندىكى تۇنجى دەرسى قەھرىمانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش، پېشقەدەم ئەسكەرلەرنىڭ ھەربىي سەپتىن چېكىنىش ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى دەرسى قەھرىمانلار بىلەن ۋىدالىشىش بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بۇ لۈ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خەلقئارا تىنچلىق ساقلاش، رۇسىيەگە بېرىپ بىرلەشمە مانېۋىرغا قاتنىشىش، كەلكۈنگە جىددىي تاقابىل تۇرۇش قاتارلىق مۇھىم، زور ۋەزىپىلەرگە قاتناشتى، قەھرىمان روھىنىڭ ئىلھامىدا، كوماندىر - جەڭچىلەر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىش جەريانىدا ئارقا - ئارقىدىن ئەلا نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

باج تاپشۇرۇش يىلىدىكى ئالدىن تاپشۇرۇلغان باج پۇلى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، قايتۇرۇشقا تېگىشلىك ياكى تولۇقلاشقا تېگىشلىك باج سوممىسى ھېسابلىنىپ، باج ئىشلىرى ئورگانلىرىغا بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلىش ھەم باج پۇلىنى راسچوت قىلىش ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىۋېرسال تاپاۋەت يىللىق كىرىمى جەمئىي 120 مىڭ يۈەندىن ئاشمىغان ھەمدە تولۇقلاپ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج سوممىسى 400 يۈەندىن ئاشمىغان باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ يىللىق جەملەپ ھېسابلاشنى بېجىرىشى، باج تولۇقلىشى ھاجەتسىز بولۇپ، باج تاپشۇرغۇچىلارغا باجدا تولۇق ئېتىبار بېرىلىدىكەن.

كەڭ باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ جەملەپ ھېسابلىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، كونكرېت بېجىرىش شەكلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى باج ئىشلىرى ئورگانلىرى باج تاپشۇرغۇچىلارنى «توردا بېجىرىش» «زالدا بېجىرىش» ھەمدە «پوچتىدىن ئەۋەتىپ بېجىرىش» قاتارلىق كۆپ خىل تاللاش بىلەن تەمىنلەيدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە، «توردا بېجىرىش»تە يان تېلېفوندا «شەخسلەر تاپاۋەت بېجى» APPسى، تەبىئىي شەخسلەر ئېلېكترونلۇق باج ئىشلىرى ئىدارىسى تور بېكىتى قاتارلىق «ئۇچراشماسلىق شەكلى»دىكى يىراقتىن باج بېجىرىش يولى ئارقىلىق بېجىرسە بولىدىكەن.

ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان «شەخسلەر تاپاۋەت بېجى» APPسىدا بېجىرىشنى مىسال ئالساق، باج تاپشۇرغۇچىلار دۆلەت باج ئىشلىرى باش ئىدارىسى ھۆكۈمەت تور بېكىتىگە كىرىپ، تور بېكىتنىڭ ئوڭ تەرەپ ئۈستۈنكى بۇرجىكىدىكى «شەخسلەر تاپاۋەت بېجى APPسى»نى تاللاپ، كودنى سكانىرلاش ئارقىلىق چۈشۈرسە بولىدىكەن، شۇنداقلا ھەرقايسى چوڭ ھۆكۈمەت تەرەپ يان تېلېفون ئەمەلىي قوللىنىش شەھەرچىسىدىن چۈشۈرۈپ، ئەمەلىي قوللىنىش APPسىنى قاچىلاپ، ئەنگە ئالدۇرۇپ تىزىملاتقاندىن كېيىن، «ئۇنىۋېرسال تاپاۋەت بېجىنى يىللىق جەملەپ ھېسابلاش»نى چېكىپ كىرسىلا، شەخسلەر تاپاۋەت بېجىنى جەملەپ ھېسابلاش كەسپىنى بېجىرگىلى بولىدۇ. باج تاپشۇرغۇچىلار كىرىمدىن باج تاپشۇرۇش تەپسىلاتىنى ئىزدەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ 2019 - يىلىدىكى ھەربىر مەلۇم قىلغان كىرىمى ۋە مۇناسىپ ئالدىن تاپشۇرغان باج سوممىسىنى كۆرەلەيدىكەن، شەخسىي ئاساسىي ئۇچۇر، كىرىم ۋە باجدىن بۇرۇن چىقىرىۋېتىش سانلىق مەلۇماتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، بانكا كارتىسى ئۇچۇرىنى تولدۇرۇپ باج قايتۇرۇشنى ياكى باج تولۇقلاشنى بېجىرسە بولىدىكەن.

شىنجاڭ باج ئىشلىرى ئىدارىسى شەخسلەر تاپاۋەت بېجى باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: ئەگەر باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ئالدىنقى يىلدا ئېرىشكەن ئۇنىۋېرسال تاپاۋەت كىرىمى سوممىسى 60 مىڭ يۈەندىن ئاشمىغان بولسا ھەمدە باج پۇلىنى ئالدىن تاپشۇرغان بولسا، «ئاددىي ئىلتىماس قىلىش» ئارقىلىق بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلسا ھەم باج قايتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدىكەن. ئەگەر باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال تاپاۋەت يىللىق كىرىمى سوممىسى 60 مىڭ يۈەندىن ئاشسا، «ئۆلچەملىك ئىلتىماس قىلىش» ئارقىلىق يىللىق جەملەپ ھېسابلاش ئېلىپ بارسا بولىدىكەن. باج قايتۇرۇش ئىلتىماسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاپشۇرغاندىن كېيىن، باج تاپشۇرغۇچىلار يان تېلېفون «شەخسلەر تاپاۋەت بېجى» APPسى ياكى تەبىئىي شەخسلەر ئېلېكترونلۇق باج ئىشلىرى ئىدارىسى ئارقىلىق كەسپىنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرسە بولىدىكەن. خەزىنىدىن قايتۇرۇش مەغلۇپ بولسا، سىستېما سەۋەبىنى ياكى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئەسكەرتىدىكەن.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھۇجۇم قىلىش ئومۇميۈزلۈك تاماملىنىدۇ، ھاللىق جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىلىدۇ، يەنە تىرىشىپ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىنى تۈگىتىش كېرەك، بۇ بىزدىن چوقۇم مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، نۇقتىلىق تۇتۇشتەك ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى تۇرغۇزۇپ، تۈر قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ «مۇھىم تۇتقا»نى چىڭ تۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ يېڭى ئېشىش نۇقتىسىنى بەرپا قىلىپ، كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، ئەھمىيىتى ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتا. 4 - ئاينىڭ 13 - كۈنىگىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 2542 تۈردە يېڭىدىن ئىش باشلاش ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولۇپ، ئىش باشلاش نىسبىتى 56% بولغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي سېلىنمىسى 5 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان داۋاملاشما قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە ئومۇميۈزلۈك ئىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ يەڭنى تۈرۈپ غەيرەت بىلەن ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى، ۋاقىت بىلەن بەسلىشىشتەك بۇ خىل روھىي ھالەتنى داۋاملىق ساقلاپ، تۈر قۇرۇلۇشىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ جەڭ مەيدانى قىلىش بىلەن بىللە، يەنە كادىرلارنىڭ ئىقتىدارى، ئىستىلىنى سىنايدىغان ئىمتىھان مەيدانى قىلىپ، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى تەتۈر تىزىپ، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىش زۆرۈر، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالدىغا ئۆتۈپ مۇلازىمەت قىلىپ، بىخەتەرلىك ۋە سۈپەتكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، قولدىن كەتكەن ۋاقىتنى تۈرلۈك ئامىللار بىلەن تولۇقلاپ، تەسىر يەتكەن قۇرۇلۇش مۇددىتىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، تۈر قۇرۇلۇشىنى تېزدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇھىم زور تۈرلەرنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تىرەكلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش خەت ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)